**ئۇيغۇر سوت مەھكىمىسى - پاكىت گۇۋاھچىنىڭ باياناتى**

**UTFW2-027- ئابدۇراخمان مەمەت**

([https://www.youtube.com/watch?v=xvAkBAShtnQ](https://www.youtube.com/watch?v=xvAkBAShtnQ))

1. مېنىڭ ئىسمىم ئابدۇراخمان مەمەت، بايىنغولۇن ئوبلاستىنىڭ خېجىڭ ناھىيەسى ئۇلاستاي دېھقانچىلىق مەيدانىدىن. مېنىڭ تۇرالغۇم ئۇلاستاي دېھقانچىلىق مەيدانى تەرەققىيات يولى 17-نومۇردا ئىدى. مەن 2015-يىلى 8-ئايدا تۈركىيەگە كەلدىم. ھازىر مەن ئىستانبۇل سودا مەكتىپىدە ئوقۇۋاتىمەن.

2. ھازىر مەن دادام، ئاپام ۋە قېرىنداشلىرىم ئۈچۈن گۇۋاھلىق بەرمەكچىمەن. دادام 1956-يىلى 4-ئاينىڭ 12-كۈنى تۇغۇلغان. ئۇ بىر يەرلىك قۇرۇلۇش شىركىتىدىن پېنسىيەگە چىققان. مەن ۋاستىچى مەنبە ئارقىلىق ئۇنىڭ ۋە ئاپامنىڭ 2018-يىلى 12-ئايدا جازا لاگېرىغا تۇتۇپ كېتىلگەنلىكىنى ئاڭلىدىم. ئاپام 1961-يىلى 5-ئاينىڭ 1-كۈنى تۇغۇلغان. ئۇمۇ دادام بىلەن ئوخشاش بىر قۇرۇلۇش شىركىتىدە ئىشلەپ پېنسىيەگە چىققان. ئۇ 2018-يىلى 12-ئايدا دادام بىلەن ئوخشاش ۋاقىتتا لاگېرغا ئېلىپ كېتىلگەن.

3. مېنىڭ ئۈچ ئاكام بار. مەن ئىشەنچلىك ۋاستىچى مەنبەلەر ئارقىلىق ئىككىنچى ئاكامنىڭ 2017-يىلى 4-مارت قولغا ئېلىنغانلىقىنى بىلدىم. ئەمما مەن چوڭ ئاكام ئەمەتجان ۋە ئۈچىنچى ئاكام ئىسكەندەرنىڭ ئەھۋالىنى بىلمەيمەن. ئىككىنچى ئاكامنىڭ ئىسمى ئەخەت مەمەت، 1980-يىلى 6-ئاينىڭ 14-كۈنى تۇغۇلغان. ئۇ 2005-يىلى ئۈرۈمچى ئىسلام ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرگەن ۋە ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن بايىنغولۇن ئوبلاستىنىڭ خوشۇت ناھىيەسى ئۇششاقتال يېزىسىدىكى بەيتۇللاھ مەسچىتىنىڭ ئىمامى بولۇشقا تەقسىم قىلىنغان. ئۇ2017-يىلى 3-ئاينىڭ 4-كۈنى قولغا ئېلىنغاندىن كېيىن، دەسلەپتە 15 يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان، ئەمما كېيىن 20 يىللىققا ئۆزگەرتىلگەن. ئۇنىڭ 5 بالىسى بار. ئايالى ۋە بالىلىرى قېيىن-ئانىسى بىلەن ئۈرۈمچىدە تۇرىدۇ. دادام قولغا ئېلىنىشتىن ئىلگىرى قان بېسىمى يۇقىرى ئىدى ۋە ئۈچىيى يېرىلىپ كېتىپتىكەن. ئۇ داۋالىنىشقا ئۈلگۈرەلمىگەن. ئاپام قولغا ئېلىنىشتىن بۇرۇن ئۆت ياللۇغىغا گىرىپتار بولغان. ئاتا-ئانام قانۇنغا رىئايە قىلىدىغان ياشانغانلار ۋە ئۇلار ھاياتىدا ئەزەلدىن قانۇنغا خىلاپ مەسىلىلەرگە چېتىلمىغان. مەن ئۇلارنىڭ چەتئەلدە تۇرغانلىقىم ئۈچۈن قولغا ئېلىنغانلىقىغا ئىشىنىمەن. چۈنكى 2016-يىلى يېزىمىزدىكى يەرلىك ساقچىلار تېلېفون ئارقىلىق مېنى جۇڭگوغا قايتىپ كەل دەپ بېسىم قىلغانتى. مەن قايتىمەن دېدىم، ئەمما قايتمىدىم. كېيىن، ئۇلار چوڭ ئاكامنى ماڭا تېلېفون قىلغۇزۇپ، جۇڭگوغا قايتىشىمنى تەلەپ قىلدى. مەندە سىنلىق ۋە ئاۋازلىق پاكىتلار بار. ئىلگىرى گېزىت خەۋەرلىرىدە گۇۋاھلىق قىلغاندا شۇ پاكىتلارنى تەمىنلىگەنىدىم. ئىشىنىمەنكى، ئۇلار مېنى جۇڭگوغا قايتىشقا مەجبۇرلىيالمىغاندىن كېيىن، جازا سۈپىتىدە ئاتا-ئانامنى قولغا ئالغان.

4. ئىككىنچى ئاكام ئۇششاقتال بازىرىدىكى بەيتۇللاھ مەسچىتىنىڭ ئىمامى ئىدى. ئۇ قولغا ئېلىنىشتىن بىر يىل بۇرۇن، دائىرىلەر تەرىپىدىن سەئۇدى ئەرەبىستانغا ھەج تاۋاپ قىلغىلى بارىدىغان ۋەكىللەر ئۆمىكىنى يېتەكلەشكە تاللانغان.

ئۇنىڭ قولغا ئېلىنىشتىكى سەۋەبى ئۇنىڭ دۆلەتنى پارچىلاشنى مەقسەت قىلغان تېرورلۇق تەشكىلاتقا پۇل ئىئانە قىلغانلىقى ئىكەن. ئەمەلىيەتتە ئاكام ھېچقانداق جىنايەت ئۆتكۈزمىگەن. ئۇ ھۆكۈمەت تەستىقلىغان ئىسلام ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئىسلام دىنىنى ئۆگەنگەن ۋە ھۆكۈمەت تەرىپىدىن خۇشۇت ناھىيەسى ئۇششاقتال يېزا بەيتۇللاھ مەسچىتىنىڭ ئىمامى بولۇشقا تەقسىم قىلىنغان. ئۇنىڭغا ھۆكۈمەت ۋەتەنپەرۋەر ئىمام گۇۋاھنامىسى بەرگەن. گەرچە ئۇ كىتابقا ئاساسلىنىپ ھەممە ئىشنى قىلىۋاتقان بولسىمۇ، يەنىلا 20 يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان.

**مەن بۇ گۇۋاھلىق باياناتىنى ئوقۇدۇم ۋە چۈشەندىم. ئۇنىڭ مەزمۇنىغا قوشۇلىدىغانلىقىمنى جەزملەشتۈردۈم. چۈشىنىمەنكى، بۇ باياناتلار ئۇيغۇر سوت مەھكىمىسىنىڭ تور بېكىتىدە ئېلان قىلىنىپ، توردا كەڭ ئاممىغا تەمىنلىنىدۇ.**

**ئىمزا:**

**چېسلا:**